ئۆينىڭ ئارقىسى خامان،    ئاسمانغا چىقاي ئىگىز،  
لەپ - لەپ ئۇچىدۇ سامان.    يەرلەرگە سالاي كىگىز.  
گومىنداڭنىڭ زۇلۇمى،    گومىنداڭنىڭ كۆكسىگە،  
دوزاخ ئوتىدىن يامان.    سانجىيمىز تۆمۈر بىگىز.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،    گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،  
ھەققانىيەت يىپىلغان.    يول تۈزەتتۇق چاختىدا[①].  
كەمبەغەل بىچارىلەر،    كۈن كۆرەلمەي يوقسۇللار،  
پومېشچىككە سېتىلغان.    يىتىپ كەتكەن ساقچىدا.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،    دەريادىكى سۇلارغا،  
يەر ئالغان ئىجارىگە.    مىراب دىگەن باش ئىكەن.  
ئىجارىنى تۆلىيەلمەي،    ئادالەتنى بىلمەيدۇ،  
ئۇۋال بولغان بىچارىگە.    كۆڭلى قارا تاش ئىكەن.

ئۆينىڭ ئالدى خامانلار،    زالىملارنىڭ مىنىشى،  
ئۇچۇپ كەتتى سامانلار.    ئالا پاچاق قارا ئات.  
ياخشىلارنىڭ كۈنى يوق،    ئاجىزلارنى يىغلىتىپ،  
باش كۆتۈردى يامانلار.    ئالۋاڭ قويغان قاتمۇ قات.

ئىشلىمىسەك بولمىدى،    زالىملارنىڭ ۋاقتىدا،  
نانغا قورساق تويمىدى.    بىزگە ئارام بولمىغان.  
تاياق قاتتىق، ئەت يۇمشاق،    كىچە - كۈندۈز ئىشلىسەك،  
زومىگەرلەر زورلىدى.    يىگىلى نان بولمىغان.

---

① چاختا — يەر نامى.

يۇگەن كىرەك تايچاققا،
تۆھپىمىز بار سەنئەتتە،
ئۇتۇن كىرەك ئوچاققا.
شانىمىز بار ھەر سەپتە.
ۋەتەن ئۇچۇن ئىشلەيمىز،
بەختىمىزنى ياراتتۇق،
گۇللەر كىرەك قۇچاققا.
بىز ۋەتەندە — جەننەتتە.

كەلكۈن كەلسە دەرياغا،
باھار كەلسە بۇلبۇللار،
قىرغاقلاردىن تاشىدۇ.
چىمەنلەرنى تاپىدۇ.
باقساق ئانا ۋەتەنگە،
شەپقىتىدە ۋەتىنىم،
ھۆرمىتىمىز ئاشىدۇ.
يوقسۇللارنى باقىدۇ.

گۇل ئېچىلسا باغلاردا،
بولدى ئاۋات بازارلار،
بۇلبۇل ئەگىپ كېتەلمەس.
ئۇندا ئالما، ئانارلار.
بەختى كۈلگەن ئوغلانلار،
كۈلدى ۋەتەن قوينىدا،
ۋەتىنىدىن كېچەلمەس.
ئۇلۇغ ئارزۇ - ئارمانلار.

ۋەتەن قوينى ئاۋاتتۇر،
سايىنىڭ دالا - تۈزى بار،
ئۇندا تۇرمۇش راھەتتۇر.
باغنىڭ ئېسىل كۆزى بار.
قۇچىقىدا يايرىماق،
ئەل - ۋەتەنگە دېھقاننىڭ،
بىزگە كەلگەن ئامەتتۇر.
ئېيتار رەھمەت سۆزى بار.

## خەلق ھەققىدە قوشاقلار

لاچىن ئۇچار ئاسماندا،
سايىنىڭ ئېگىز تېغى بار،
بۇلبۇل سايرار بوستاندا.
بۇلبۇللارنىڭ بېغى بار.
خەلق كۈيلەر بەختىنى،
باتۇر، ئىشچان خەلقنىڭ،
ناخشا - قوشاق، داستاندا.
شاد - بەختىيار چېغى بار.

يۇرتىمىزنىڭ ھاۋاسى، يەتتى ئاسمان پەلەككە،
يۇرەكلەرنىڭ داۋاسى. ئەلنىڭ ناخشا - ساداسى.

## پارتىيە ھەققىدە قوشاقلار

باتۇر ئىشچان خەلقنىڭ، راۋابىمنىڭ ئاۋازى،
يۇرىكىدە ئوتى بار. شوخ بۇلبۇلدەك ئۇنلەيدۇ.
تاغلىرى كۆپ، باغرىدا، ناخشىسىدا قىزچاقلار،
ئوتلايدىغان قويى بار. ئىلىم - پەننى كۆيلەيدۇ.

كومپارتىيە مېھرىبان، باغقا رەيھان تېرىسام،
تۇرمۇش شۇنچە پاراۋان. ئۈنۈپ چىقتى بەش قولاق.
كۈلدۈق شوڭغا قاقاقلاپ، بۇ جاھاندا بارمىدۇ،
قۇچاق ئاچقاچ ھۆر زامان. پارتىيىدەك نۇر چىراغ.

ھالىمدىكى① كۆلچەكتە، پېزىمىزدا تراكتور،
تال بوستان ئايماق② بولدى. يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇردى.
پارتىيە زامانىدا، يولباشچىمىز پارتىيە،
چېپىمىز قايماق بولدى. بىزگە بەخت ياغدۇردى.

نەغمە قىلدۇق ساز چېلىپ، بورانتاي دېگەن يەردە،
پېگى چىققان پەدىگە. باش زاكو بىنا بولدى.
ئەمدى يەتتى دېھقانلار، باش بەرمىگەن باشتۇڭسۇ،
ئىسلاھاتنىڭ قەدرىگە. ئۆستەڭدە ئاقار بولدى.

---

① ھالىمدىكى — ھويلامدىكى.
② ئايماق — قىشتىسۇ كۆمۈلمەي سوغۇقتا كۆزۈككەن تەك ئايماق تال دېيىلىدۇ.

يەپ تويمىغان پوكاندىن، ئەل قاقشاتقان ئۇردىدىن،
سۆزى يالغان چوكاندىن، پۇراپ قالغان مۇردىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ياڭزىسى كۆپ جۇۋاندىن، ھوسۇلى يوق ساماندىن،
ۋالاقتەگكۇر زۇۋاندىن، ئەلگە پەيلى ياماندىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تولا ياغقان يامغۇردىن، تانا يىگەن بوغرىدىن،
توڭلاپ قالغان چامغۇردىن، ۋەتەن ساتقۇچ ئوغرىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تۇتۇن يانغان موردىن، قەستلەمچىنىڭ ئوغرىسىدىن،
مەنپەئەت قىلماس دوردىن، گومىنداڭنىڭ دوغىسىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئاداۋەتخور ئايلامدىن، ياماق تۇتماس كىگىزدىن،
تاماسى چوڭ موللامدىن، يۇرەك باغرى بىگىزدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

مىتە چۇشكەن كىپەكتىن، مايماق كەتكەن كىشەكتىن،
قولى ئەگرى دىدەكتىن، ھاللاز ئەتكەن ئىشەكتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

دۇئاسى يوق سائىلدىن، كۇننى توسقان تۇماندىن،
گەپ ئاڭلىماس جاھىلدىن، كۇنلەمچى بەد گۇماندىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

كاۋسى يوق باراڭدىن، قاملاشمىغان غەزەلدىن،
ۋاپا بىلمەس ساراڭدىن، ساقايمىغان كېسەلدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

مېغىزى يوق چىگىتتىن، ئوت تۇتاشماس ئوتۇندىن،
بىلىمى يوق يىگىتتىن، كۆڭلەمچى ئەر - خوتۇندىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ۋاراڭ - چۇرۇڭ غەلۋىدىن، قىڭغىر كەتكەن چەللىدىن،
جاھىل، كاززاپ تەلۋىدىن، قىلىقى سەت دەللىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قوتان بۇزغاق كالىدىن، ھايا بىلمەس قىلىندىن،
ۋاپاسى يوق بالىدىن، يولدىن چىققان كېلىندىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

جان قاقشاتقان ئىسسىقتىن، زورلاپ تۇتقان شارابتىن،
نېپى يۇقماس پېخسىقتىن، نەپسى يامان مىرابتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

غەزنەتلىك داسخاندىن، مەرىپەتسىز نوچىدىن،
ھىيلە - مىكىر قاپقاندىن، گېپى يوغان پوچىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

چىش ئاغرىقى مەرەزدىن، ئىناقسىزلىق ئىللەتتىن،
گەپ ئۇقماس بىغەرەزدىن، دىتسىز قۇرۇق سۆلەتتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

غەيۋەتخورنىڭ چىشىدىن، تۇز قويمىغان غىزادىن،
هارام يېگەن كىشىدىن، ناھەق ئىشتكەن ئىزادىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تۆگمەنچىنىڭ قىزىدىن، گىياھ ئۈنمەس شورلۇقتىن،
گۇناھكارنىڭ ئىزىدىن، پەشۋا، دەشنام، خورلۇقتىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تۇل خوتۇننىڭ نىپىدىن، ئۇلاغ تۇتماس تارىدىن،
پىرىخوننىڭ دىپىدىن، ئىمان ساتقان قارىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق. ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ۋاقتى ئۆتكەن تەڭگىدىن،
سوراپ چەككەن بەڭگىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

## چېقىمچى

نامازشام ۋاقتىدا، مېنى چاققان كىشى،
ئۇچتى شەپەرەك. ئۆزىنى چېقىپتۇ.
مېنى چاققان كىشى، ئۆزىگە ئۆزى،
ئىتتىن بەتتەرەك. ئوتنى يېقىپتۇ.

ئۆزى ياققان ئوتتا، يولدىن ئۆتكەنلەر،
كۆيسۇن لاۋۇلداپ. ئاتسۇن چالمىنى.
چىدىيالمىسا، قوغلىسۇن بۇندىن،
تۇرسۇن كاچىلداپ. ئۇنداق لالمىنى.

«ۋاي سۆڭگىچىم» دەپ ۋارقىراپ،
يىتىۋالدى كۆرسلە.
خاپا بولماڭ دەپ قويغانغا،
قېتىۋالدى كۆرسلە.

بۇنى ئاڭلاپ توختاخۇن،
ئەرز قىلىپتۇ كۆرسلە.
پارەنى جىق بېرىمەن دەپ،
قەرز قىپتۇ كۆرسلە.

قازى خاننىڭ دورغىلىرى،
ئىستەپ كەلدى كۆرسلە.
«چاپسان بول!» دەپ قاپاق تۈرۈپ،
قىستاپ كەلدى كۆرسلە.

قازاخۇنۇم بار گۇناھنى،
ئارتىپ قويدى كۆرسلە.
شەرئەتنىڭ دەرسگە،
تارتىپ قويدى كۆرسلە.

ئون بەش پۇلغا سېتىۋالدىم،
قوتۇر مالنى كۆرسلە.
ئورۇقكەن دەپ تەس ئۇندى،
ۋاي بۇ مالنى كۆرسلە.

تېرىگە ئېلىپ، ئۆپكىسىدە
ئۈچ كۈن باقتىم كۆرسلە.
ساق بېشىمغا كېسەل تاپتىم،
بېشى ساقتىم كۆرسلە.

توختاخۇننىڭ چوڭ قىزى،
ساقىيىپ قالدى كۆرسلە.
ئورۇق ئۆچكە پايدا قىلىپ،
ئاقىرىپ قالدى كۆرسلە.

ئۇسما تېرىپ ئۆستۇرگەنگە،
راسا تويدۇم كۆرسلە.
توختاخۇننىڭ چوڭ قىزىغا،
كۆڭۈل قويدۇم كۆرسلە.

ئەمدى قوپۇپ «تېگىمەن» دەپ،
تۇرۇۋالدى كۆرسلە.
توي قىلماستا بىزنىڭ ئۆيگە،
بېرىۋالدى كۆرسلە.

كۈندە ئۈچ ۋاخ ئۇسما قويۇپ،
قاش ئاتىدۇ كۆرسلە.
ئاچچىقى كەلسە توپا چېچىپ،
تاش ئاتىدۇ كۆرسلە.

تېرەك بېشىدا ئۇن قاغا،
ئۇنىلىسى توڭ قاغا.
دورا ئالاي تېۋىپتىن،
ساقايماس كېسەل ياغا.

## چىمەندە گۈل

بىزنىڭ باغدا جىنەستە، ئاخشام بارسام مەلەڭگە،
تۈگەپ قاپتۇ يىمەستە. ئاچاڭ قوپتى لەغمەنگە.
يار ئېگىزدە مەن پەستە، لەغمىنىڭنى يىمەيمەن،
ئۈيىنىۋالدۇق بەس ـ بەستە. زىيان قىلار مەيدەمگە.
(ن) چىمەندە گۈل، چىمەندە گۈل، (ن) لەغمىنىڭنى يىمەستە،
سۆيۈۋالدىم يارىمنى، قورساق تولدى مەنتەڭگە.
دۈشمەنلىرىم كۆرمەستە. قاراڭغۇدا كۆرمەستە،
ئۆسۈۋالدىم مەيدەڭگە.

ئاخىرقى نەقراتى: چىمەندە گۈل، چىمەندە گۈل،
چىمەندە گۈل، چىمەندە گۈل. چىمەندە گۈللالە.

## ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە، ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە،
ئۇيناي دەپ كەلدىم. ئۇيناي دەپ كەلدىم.
قايسىڭ ياخشى، قايسىڭ يامان، ياخشى يارىڭ سۆزلىرىنى،
چاغلاي دەپ كەلدىم. ئاڭلاي دەپ كەلدىم.

## ئايخان

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئايغا كۆيدۇ بۇ جان.
ئايخېنىم ئەجەب كۆيدۇم،
سېنىڭ ئايدەك جامالىڭغا.

كېيگەن كۆڭلىكى پاكچۇ،
تۆگمىسى يالاڭ مارجان.
ئەتىگەندە سەھەردە،
يورغىلايدۇ بوز توشقان.

بۇلبۇل قوندى باغىڭغا،
مېنى قالدۇرما داغىڭغا.
ئۆمىد ئۈزمەيمەن ئايخان،
لېۋىڭگە شېكەر قوشقان.

## سارىخان

1

كاككۇك ئاشىقى زەينەپ (سارىخان)،
بىرى تاغدا بىرى باغدا.
خوشمىغىنا ئايرىلدۇق (سارىخان)،
قەدرىمىز بىلەر چاغدا.
(ن) (سارىخان)، بىرىنچى ئاي سوغۇق ۋاقتا.

ئات بولسا جەدە بولسا (سارىخان)،
توقسا مىنسە كىشى.
يار بولسا قاشىدا بولسا (ئاللا سارىخان)،
قارىسا سۆيسە كىشى.
(ن) (سارىخان)، سۆيۈپ قانمىسا كىشى.

پىچاق ئالدىم چادەستە (سارىخان)،
بىزنى پات - پات ياد ئەتسىلە.

يەر بويلاپ ئۈچۈپ كەتتى،
قانتى قارا قارلىغاچ.
يارنى كۆرسەم قىزاردىم،
يۈرەكتە ئوتى بولغاچ.

ھاۋادىكى بۇلۇتلار،
ھەر تەرەپكە تاراپتۇ.
شۇل يارىم ئوسما قويۇپ،
ھەر كىشىگە ياراپتۇ.

باغدا گۈل ئاچىلغۇچە،
زەدەك كۆكى قىسقاچ تۇرۇك.
كونا يار كەلگۈچىلىك،
يېڭى يار تۇتقاچ تۇرۇك.

باغىمدىكى قوناقنى،
ئالتىنچى ئايدا تاقلايمەن.
رەسىمىڭنى بەر يارىم،
خاتىرەمدە ساقلايمەن.

ئەي خېنىم سېرىق چىراي،
ئوتتىڭىزدا قانداق چىداي؟
ئاۋۋال ئاخشامدا بېرىپ،
تاڭ ئاتقۇچە راۋاب چالاي.

يار بولسا قېشىدا بولسا،
كۆرپە تەلپەك بېشىدا بولسا،
ئەتىگەندە بىرلا كۆرسە،
ئون بەش كۈنلۈك ناشتا بولسا.

قىزىلگۈلنى كىم كەستى،
كەسكەن بىلەن قايرىلماس.
يار كۆڭلۈمنى چۈشەنسە،
مەندىن ھەرگىز ئايرىلماس.

باغدىكى جىنەستىنىڭ،
بىر شاخىدا ئون پۇتاق.
مىنى گوللىساڭ يارىم،
پات ئاردىدا ئىش چاتاق.

ئانا يۇرتۇم چىرادۇر،
ئايرىلغانتىم يۇرتۇمدىن.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
ئارتىپ سۆيدى بۇرۇتۇمدىن.

يايلاقلاردا ئوتلايدۇ،
يارىمنىڭ مىنگەن ئېتى.
يۈرىكىمگە بەك ياقتى،
يارىمنىڭ يازغان خېتى.

يولۇڭغا چىراغ ياقسام،
تالادا چىراغ ئۆچتى.
يار ماڭا ئاشىق دېسەم،
ئاشىقلىق ماڭا كۆچتى.

تاشتىن تاشقا سەكرەپتۇ،
تاغدا ئوتلىغان جەرەن.
ۋاپاسىزلىق قىلماس دەپ،
كۆڭلۈمنى ساڭا بەرگەن.

كۆيمىسەم كۆيدۈم دېمەستىم، ئەتىگەندە قارىسام،
سىنىڭدەك گۈل چېچەكىمگە. ئۇيناپ تۇرار قېشىڭىز.
ساڭا ئېيتمىسام سىرنى، بىزنى ئۇتقا سېپ قويۇپ،
ئېيتىمەن يەنە كىمگە. ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز؟

قارلىغاچلار ئۇۋىلاپتۇ، خۇيلۇغۇم ئۇز خۇيلۇغۇم،
پېشايۋاندا پەرماندا. ئۆزۈڭنى گالۋاڭ قىلمىغىن.
بىز شۇنداق ئۆتەرمىزمۇ، ماڭا مەيلىڭ بولمىسا،
كۆيەك ئوتى ئارماندا؟ كۆڭلۈمنى ۋەيران قىلمىغىن.

ئاخشام چىقتىم تالاغا، ئاتچان[1] يولى تاشلىقكەن،
نالە قىلدىم ئاللاغا. ماڭماي دېسەم ياشلىقكەن.
نېمە ئۈچۈن چىقمايسەن، بىزنى كۆيدۈرگەن چوكان،
ئاخشام قىلغان قاراغا. چېچى ئۇزۇن، قاشلىقكەن.

باغچاڭغا كىرىپ باقسام، ئاتىنىڭ بالىسى تايچاق،
شاپتۇلۇڭ يوغان شاخلىق. تالىنىڭ ئۈچىنى يەيدۇ.
ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ، بۇ كەمدىكى قىزچاقلار،
لەۋلىرىڭ ئەجەب تاتلىق. كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

ئۆردەك ئوينىغان كۆلنىڭ، چاچىڭىز قارا ئىكەن،
سۇيىنىڭ تۇرۇشى بەك ئۇز. قاغىنىڭ قاناتىدەك.
يېگى تۇتقان يارىمنىڭ، سۆيسەم لېۋىڭىز تاتلىق،
قالاپ تۇرۇشى بەك ئۇز. كېرىيىنىڭ ناۋاتىدەك.

---

① ئاتچان — كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا، قاپاقتېرەك ئاستىدا،
ئۆيگە ياقتىم جىنچىراغ. ئۇخلاپ قاپتىمەن يارىم.
ناخشام يارغا ئاڭلانماس، چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
تۇرغان يېرى بەك يىراق. يىغلاپ ساپتىمەن يارىم.

قىش پەسلى كىرىپ قاپتۇ، ئاسماندىكى يۇلتۇزنى،
ئۆستەڭ بويلىرى توڭلاپ. ساناپ بېقىڭ ئوتتۇزمۇ.
سۇمۇ ئۆتمەس گېلىمدىن، قارا سۇدىكى[1] يارنى،
يارىم سىزنىلا ئويلاپ. يوقلاپ كېلەي يالغۇزمۇ.

مىس تەخسە لېگەن بولسا، ئاينىڭ ئايدىڭى سىزگە،
يار سەندەك لېۋەن بولسا. ئاي قاراڭغۇسى بىزگە.
مەن بارارمەن يولۇڭغا، مەن كۆيدۇم تولا سىزگە،
يار سەندىن خەۋەر بولسا. چىقمايسىز تالا - تۈزگە.

يايلاقتىكى كېپىكلەر، تام تۈۋىدە چا خوراز،
تاغ باغرىنى بويلايدۇ. چالما ئېتىپ چىللاتتىم.
مېنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىم، يىراقتىكى يارىمنى،
دائىم سېنى ئويلايدۇ. خەت ئەۋەتىپ يىغلاتتىم.

ئالمىڭىزنى ئىغاتتىم، سۈرىتىڭگە قارىسام،
خاپا بولماي تەرسىڭىز. كۆلۈپ تۇرسەن دائىم.
ئۇشبۇ خەتنى ئەۋەتتىم، خۇش خەۋەر يېزىپ تۇرغىن،
جاۋابىنى بەرسىڭىز. سېغىنساڭ مېنى يارىم.

① قاراسۇ — گۇما ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

قىزىل ئالما پىشىپتۇ،
هويلىڭىزغا چۈشۈپتۇ.
شۇنچە قىز ئارىسىدىن،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

يارىم بىلەن ئوبدان ئىدۇق،
ئايرىلىپ يامان بولدى.
يار ئۇتىدا چىرايىم،
سارغىيىپ سامان بولدى.

زار - زار يىغلاپ يۈردۈم،
ئېيتىپ قويۇڭلار يارىمغا.
يىغلىتىپ ئوتلارنى ياقتى،
مېنىڭ خەستە جانىمغا.

مەن قاچان چوڭ بولىمەن،
يارىم بىلەن تەڭ بولىمەن.
سۆزىگە سۆز قايتۇرۇپ،
دەردىگە دەرمان بولىمەن.

يارىم بەرگەن ياغلىقنىڭ،
بىر بۇرجىكى چېگىكلىك.
بىلمەپتىمەن قەدرىگىنى،
قانداق قىلاي كېچىكلىك.

راۋابىم جىرىڭلايدۇ،
ئىچىدە ماش بارمىكىن؟
مېنى كۆيدۈرگەن قىزنىڭ،
يۈرىكىدە تاش بارمىكىن؟

ئېگىز تاغنىڭ كەينىدە،
ئۇلاي، كەكلىك سايرايدۇ.
ئۇيناي دېسەم يار تولا،
كۆڭلۈم سىزنى خالايدۇ.

ئىچىم قاينايدۇ-قاينايدۇ،
قازاندا قاينىغان چايدەك.
ئۆمرۈم دەردتە ئۆتەرمۇ،
ئېچىلماي تۇزۇغان گۈلدەك.

بەرگىنە شارابىڭنى،
ئىچىپ تازا مەست بولاي.
كۆڭلۈمدىكى دەردىمنى،
بىردەم بولسىمۇ ئۇنتاي.

لەنگەر سېپىي ئۇزۇن ساي،
مىنەي دېسەم ئېتىم تاي.
بىر يىل دېگەن ئۇن ئىككى
توختاپ تۇرسىلا چوڭ بولاي.

قولۇمنى كېسىۋەتتى،
گۆش توغرايدىغان پىچاق.
يۈرەكنى ئېزىۋەتتى،
دۆڭ مەھەللىدىكى[1] قىزچاق.

ئايمىدۇ، ئايلامدۇ؟
ئايغا بۇلۇت داللامدۇ؟
سەن يارىمنى تاشلىسام،
يۈرىكىم پايلامدۇ؟

① دۆڭ مەھەللە — يەر نامى.

ھاۋادا يۇلتۇز تولا،
يەككە - يېگانە بىر خۇدا.
تىنچ - ئامانلىقنى بېرىپ،
ئاغرىق - سىلاق بەرمەڭ خۇدا.

دەردىم بارۇ، دەردىم بار،
بېشىمدىكى ساچىمدەك.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
ھاۋادىكى لاچىندەك.

ئات مىنسەممۇ ئويىنايمەن،
مىنمىسەممۇ ئويىنايمەن.
ياڭسۇڭ بىلەن كارىم يوق،
گاڭگۇڭ بىلەن ئويىنايمەن.

قېيناتام باي گاداي،
داۋزىسى سىيلاغلىق.
ماڭا ئۈچ كۈن نان بەرمەي،
بەكمۇ قېيناغلىق.

كىلىنگلار ئەھلى دەردمەنلەر،
تۇرۇپ بىر جايدا يىغلايلى.
كۆزگە ئىلمىغان يارنىڭ،
بېشىغا دەسسەپ ئويىنايلى.

رىسقىڭنى تەڭرى بىرەر،
نان بەرمىكى يەردىن ئەمەس.
قىز - ئوغۇل پەرزەنت كۆرمەك،
يا ئايال - ئەردىن ئەمەس.

دەردكە دەرد قىلدىڭ مېنى،
دەردمەنگە دەرد قىلدىڭ مېنى.
سۈرە - ياسىننى ئوقۇپ،
ئايەتكە بەند قىلدىڭ مېنى.

ئىچمە دەيدۇ، ئىچمە دەيدۇ،
ئىچمىگەنلەر قايدا بار.
ياخشىلار تۇتقان ھاراقنى،
ئىچسە يۈرەككە پايدا بار.

ئۆستەڭ بويىدا ياتىپ،
خام تاماكىنى تاتىپ.
قوكىدا توقام تامبال،
ماڭالمايدۇ ھال تارتىپ.

باغدا كاككۇك سارايدۇ،
سېرىغ سەمبە پۇرايدۇ.
بىكار ياتقان چوكانلار،
يۇمغاقسۇت پۇرايدۇ.

سايدا جەگرەن ئاتۇرمەن،
بىرنى - بىرگە چاتۇرمەن.
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
بەش، ئون كۈنلا ياتۇرمەن.

چىلىم دەيمەن - چىلىم دەيمەن،
چىلىمدا لەيلى لەش بارمۇ؟
چىلىم تۇتسام قوپالمايسەن،
بويۇڭدا غەللى - غەش بارمۇ؟

ئۆستەڭ بېشىدا كالا بارمۇ؟ قولنى قولغا تۇتىشىپ.
ئۇيناتقان بالا بارمۇ؟ بىللە - بىللە يۈگۈرۈشۈپ،
كەل ئۇينايلى، بولساڭ شاش، بولايلى بىز قوشماق ئاداش.

## ئاپتاپ چىق

ئاپتاپ چىق، ئاپتاپ چىق،
كونا چاپاننى سۆرەپ چىق. ئايخىنىڭنى قاماپ چىق.
ئاپتاپ چىق، ئاپتاپ چىق،
يوغان توپتەك ئۆرلەپ چىق. يۇلتۇزۇڭنى ساناپ چىق.
ئاپتاپ چىق، ئاپتاپ چىق،
ئاسمىنىڭنى ياماپ چىق. بىز بىلەن بىللە ئويناپ چىق.

## پات قۇرۇڭ

گۇلدۇر - گۇلدۇر - گۇلدۇركەن، ئېگىلىپ قالدىم، مۈكچەيدىم.
يامغۇر يېغىپ ئۆلگۈركەن. ئۆيگە پاتراق بارمىسام،
يامغۇر شار - شار كەتكەندە، ئانامغا يالۋۇرمىسام،
يېتىپ كەلدىم ئۆستەڭگە. ئاچچىقلايدۇ ئانىكام،
سۇغا چۈشتى ئۆدىكىم، پاتراق قۇرۇڭ كۆڭلىكىم.
ھۆل بولۇپتۇ كۆڭلىكىم. پات قۇرۇڭ، پات،
تىترىدىما - شۈمشەيدىم، پات قۇرۇڭ، پات.

